يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىستاپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامرات ئائىلە قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ يېزا ئىگىلىكىدە پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، سانائەتنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، بازار يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سېلىنما، ئىستېمال، تاشقى سودىنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئورتاق ئالغا سىلجىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، نۇقتىلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ خەلق تۇرمۇشى يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، توردا، تور سىرتىدا يۇغۇرۇلۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمالنى تولۇقلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پورت ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتى كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم ئامىل كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ بەس ـ بەستە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ بازار ئىجازىتى بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىپ، كىچىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىش كېرەك. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» «ئەڭ تېز بولغاندا بىر قېتىم يەتكۈزۈش» ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئازايتىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادىل رىقابەتنى قوغداش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، دىققەتنى مۇھىم نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش كېرەك؛ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش كېرەك؛ ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، سىستېما خاراكتېرلىك خەۋپ ـ خەتەر يۈز بەرمەسلىك تۆۋەن چېكىنى ساقلاش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىنىڭ تىرەكلىك، كاپالەتلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، ئادەتتىكى چىقىمنى زور كۈچ بىلەن كېمەيتىپ، ھەققىي تۈردە مەبلەغنى دەل جايىدا، مۇھىم ئورۇنغا ئىشلىتىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن ھاياتى كۈچ قوشۇش كېرەك. ماكرولۇق سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، جەمئىيەت سىياستى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق ئىقتىساد سىياستىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ئالاھىدە سىياسەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى، پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، ئاممىغا بەخت يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەققىي تۈردە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئەمىن ئۆي قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ئونىنچىدىن، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاقچە ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقنى ياخشى تۇتۇشنى بوشاشتۇرماسلىق كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە مۇجەسسەملەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەققىي تۈردە ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقنى ياخشى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىستىلنى ياخشىلاپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق، «13 ـ بەش يىل»نىڭ ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىت چەكلىمىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى خىزمەت ئىستىلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى(شەھەر)لىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى، مۇئەييەن تەرەققىيات ئەمەلىيىتى مۇئەييەن تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق يېتەكلىنىدۇ. شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشتىن، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقىچە؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىشتىن، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكىچە... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل كۈچەيدى، پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىمىز. بىز تەستە قولغا كەلگەن تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى قەدىرلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىزچىللاشتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ دىرىژورلۇق تايىقى، قىزىل ـ يېشىل چىرىغى قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى قەدىرلەش، ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، يېشىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، «13 ـ بەش يىل»نى تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل»نى پىلانلايدىغان يىل، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى يېڭىش كېرەك. بىز جەزمەن ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەققىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ بازار يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سېلىنما، ئىستېمال، تاشقى سودىنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئورتاق ئالغا سىلجىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتى كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك؛ مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىش كېرەك؛ دىققەتنى مۇھىم نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ھاياتى كۈچ قوشۇش كېرەك؛ ئاممىغا بەخت يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەققىي تۈردە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش كېرەك؛ ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاقچە ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقنى ياخشى تۇتۇشنى بوشاشتۇرماي، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئىرادىنى ساقلاپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتساق، بىز جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلىشىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قالتىس شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتەلەيمىز.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلىش نىسبىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 30%تىن يۇقىرى ئاشتى

شىنجاڭ سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەتنىڭ چوڭ بازارلىرىغا قەدەم تاشلىشى تېزلەشتى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شەكلىنى يېشىش ⑤

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېيى خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسى شىنجاڭ شيۇچۈن سۈتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، پۈتۈن ئاپتوماتىك يېپىق يەككە ئۇسكۇنىلەرنىڭ «ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ»، شۇنداقلا ئورتاق ماسلىشىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇلغان قېتىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى شەكىللەندۈردى، سۈت تازىلاش، ئېچىتىش، مىكروبسىزلاندۇرۇش، قاچىلاش قاتارلىق بىر قاتار تەرتىپلەر ئارقىلىق، ھەر خىل تەملىك قېتىق ئىشلەپچىقىرىلدى.

«بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 35%كە يەتتى، بىز توردا، تور سىرتىدا سېتىش يوللىرىنى ئاچتۇق، شىنجاڭ سىرتىدىكى بازارلارنى كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، يەنە شىئەن، چېڭداۋ، بېيجىڭ، شيامېن قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەردە سوغۇق زەنجىرلىك ساقلاش ئىسكىلاتى قۇردۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋېي شىنپۇ تونۇشتۇرۇپ.

شىنجاڭ سۈتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە سۈت كالىسى باقمىچىلىقى ئەنئەنىسىگە ئىگە، سۈت مەنبەسى «تەبىئىي بولۇش، يېشىل بولۇش، بىخەتەر بولۇش، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇش»تەك ياخشى نامغا ئىگە بولۇپ، تەملىك سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ خاسلىقى گەۋدىلىك. ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بايلىق شىنجاڭنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىستېماللارنىڭ بارغانسېرى قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۈردى، يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلىش نىسبىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 30%تىن يۇقىرى ئاشتى.

بۇلتۇر، شىنجاڭ تيەنرۇن سۈتچىلىكى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ھەر خىل سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۈندىلىك سېتىلىش مىقدارى 520 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سىرتىدىكى بازاردا سېتىلىش مىقدارى 30%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇ شىركەت پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ليۇ راڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركەت پەرقلىق تەرەققىيات يېڭى پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى پەن ـ تېخنىكا بويىچە تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، «توردا ئالقىشلانغان ياساش ماشىنىسى»غا ئايلىنىپ، كۆپ قېتىم بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى چىقىرىپ، «تيەنرۇن سۈت پۇسى» «ماروژنى ئېرىدى» قاتارلىق بىر يۈرۈش بازارلىق مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارغىچە ساتتى.

شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىز تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، يەنجى ئويمانلىقى قاتارلىق سۈت كالىسى ئەۋزەل رايونلىرىنى كۈچەپ قۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، خاس سۈت مەنبەسى بازىسى بەرپا قىلىپ، سۈتچىلىكنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن مۇساپىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرلىك كارخانىلار توپىنى بەرپا قىلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز سۈت كالىسى بىرلىك مەھسۇلات سەۋىيەسى ۋە باقمىچىلىقنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، سۈتچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش، تۈجۈپىلەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك باقمىچىلىقنى قوللاپ، ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر، يېشىل تەرەققىياتنى يۆنىلىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىكنى زورايتىش، كۈچەيتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىدۇ. سۈت كالىسى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سۈت كالىسى يادرولۇق نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش مەيدانى قۇرۇپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سۈت كالىسى يادرولۇق توپ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سۈت كالىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەش مەركىزى قۇرىدۇ؛ سۈت مەنبەسى بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل، ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش سەۋىيەسى ئىلغار بولغان زامانىۋى سۈت كالىسى فېرمىسى قۇرىدۇ؛ ئىلغار، مۇۋاپىق تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، سۈت كالىسى توپى نەسلىنى ياخشىلاش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆپەيتىش، ئۆلچەملەشتۈرۈپ بېقىش، ئەلا سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ۋە يېڭى، ساپ سۈت سۈپىتىنى كونترول قىلىش تېخنىكىسىنى پائال ئالغا سىلجىتىدۇ.

پىلانغا ئاساسەن، 2022 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن بېقىلىۋاتقان سۈت كالىسى 90 مىڭ تۇياققا، سۈت مەھسۇلاتى 2 مىليون 400 مىڭ توننىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن سۈت مەھسۇلاتى 400 مىڭ توننىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن شىنجاڭ سىرتىغا سېتىلغان سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 150 مىڭ توننىغا يېتىدۇ؛ 2025 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن بېقىلىۋاتقان سۈت كالىسى 200 مىڭ تۇياققا، سۈت مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون توننىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن سۈت مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون توننىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن شىنجاڭ سىرتىغا سېتىلغان سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 300 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاتاۋ پورتى چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 1 مىليون 461 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 76.85% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە پورتتىن چىققان نۆۋەتچى پويىز 1288 قېتىم، يۈك توشۇش مىقدارى 700 مىڭ 700 توننا؛ پورتتىن كىرگەن نۆۋەتچى پويىز 840 قېتىم، يۈك توشۇش مىقدارى 760 مىڭ 600 توننا بولغان.

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالىنىڭ خىزمەتچى خادىمى يەن خۇاپىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قارىتا، بىز ئالدىن گۇرۇپپىلاش، ئالدىن چېتىپ توشۇش، ئالدىن يولغا سېلىش، توشۇشنى تەشكىللەشنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى تېزلەتتۇق. «ھازىر، ۋوگزال ھەر كۈنى كۈتۈۋالىدىغان، يولغا سالىدىغان پويىز 27 جۈپكە يەتتى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 30 جۈپكە يەتتى».

ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قارىتا، 24 سائەت تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يۈك تىزىملىكنى بىرلەشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، نۆۋەتچى پويىزنىڭ بېجىرىش ۋاقتىنى قىسقارتتى، «بىرلەشتۈرۈش» مەشغۇلاتىنى يولغا قويۇپ، مەيدان ئالماشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ دەللىلەش سالمىقىنى زورايتىپ، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ پورتتا توختاش ۋاقتىنى 14 سائەتتىن ئەڭ تېز بولغاندا ئالتە سائەتكە قىسقارتتى.